# ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ تارىنىش، ياسىنىش ئادەتلىرى

ئابدۇللا سۇلايمان

***مۇھىم مەزمۇنى:*** *ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇش ۋە چاچ شەكىللىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، گىرىم قىلىش ـ پەردازلىنىشتىكى ئۇسۇل ـ چارىلىرىنىڭ قەدىمىيلىكى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار، شۇنىڭدەك خوتەن رايونىدا يېقىنقى زامانلارغىچە ساقلىنىپ كەلگەن گۈزەللىك ئادەتلىرى ئاساسىدا بايان قىلىنىدۇ .*

***ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:*** *ئۆرپ ـ ئادەت گۈزەللىك ئادىتى تارىنىش پەردازلىنىش*

## 1. خانىم ـ قىزلارنىڭ تارىنىش ئادەتلىرى

**چاچ قويۇش، چاچ ئۆرۈش ۋە چاچ شەكلى.** تارىنىش ـــ ئاياللارنىڭ چاچ تاراش، چاچ شەكلى چىقىرىش، چاچ ئۆرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەردازلىنىش ئادىتى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان بەلگىلەرنىڭ بىرى.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچقا بولغان گۈزەللىك چۈشەنچىسىمۇ ناھايىتى ئىلغار بولۇپ، ئۇدۇن، كروران، لوپنۇر خارابىلىرىدىن تېپىلغان ئايال جەسەتلەردىكى ئۆرۈم چاچ؛ ئوغۇزخان ئاشىق بولغان قىزلارنىڭ دولقۇنسىمان چېچى؛ «كروران گۈزىلى»نىڭ بۇدۇر چېچى؛ خوتەن بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى پېشۋالىرىنىڭ «ئويما ـ قويما ئۇسلۇبى» ۋە «ھۆل كىيىم ئۇسلۇبى» بويىچە سىزغان رەسىملىرىدىكى يارىشىملىق چاچ شەكىللىرى؛ بۇددا مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىگە سىزىلغان گۈزەل نازىنىنلارنىڭ تال ـ تال ئۇزۇن چاچلىرىدىن، قەدىمكى ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ چاچ گۈزەللىكىگە بولغان قارىشىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. خوتەندە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردە ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ئاياللارغا ئوخشاشلا ئەرلەرمۇ ئۇزۇن چاچ قويۇشنى ئادەت قىلغان بولۇپ، سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان جەسەتلەرنىڭ چاچ ئەۋرىشكىلىرى بۇ ئادەتنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بۇ چاچ ئەۋرىشكىلىرىدە، چاچ شەكلى ئۆرۈمە چاچ ۋە تۇرمە چاچتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى كىچىك باللارنىڭ چاچ شەكلى كالتە چاچ ھېسابلىنىدۇ، بۇ چاچ شەكلى مۇنداق بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

كۆپ ئۆرۈملۈك چاچ: بۇ، بىر نەچچە تالغا بۆلۈپ ئۆرۈلگەن بولۇپ، بۇ خىل چاچلار تۈز ۋە ئۇزۇن بولىدۇ، بىردەك ئۈچ نەخ (تال) چاچنى بىر قىلىپ ئۆرۈش ئۇسۇلىدا ئۆرۈلىدۇ، ھەر بىر ئۆرۈمنىڭ كەڭلىكى 2.5 سانتىمېتىر، تومۇلۇقى1 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 60 سانتىمېتىردىن ئارتۇق كېلىدۇ. بۇ خىل شەكىلدىكى چاچلار كۆپ بولغاندا تۆت ئۆرۈم ئۆرۈلىدۇ.

سىڭار تال ئۆرۈم چاچ: باشتىكى بارلىق چاچنى ئۈچ نەخكە بۆلۈپ بىر ئۆرۈم ئۆرۈپ، ئاندىن كىگىز قالپاق ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويۇلغان بولىدۇ.

كۆپ ئۆرۈملۈك ئەشمە چاچ: بۇ ھەر ئىككى نەخ چاچنى بىر ئۆرۈم قىلغان چاچ شەكلى بولۇپ، بۇ خىل چاچلار بىر قەدەر ئىنچىكە ۋە قىسقا، تومۇلۇقى 0.5 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ شەكىلدە چاچ قويغانلارنىڭ چاچ ئۆرۈمى ئەڭ كۆپ بولغانلىرىنىڭ 16 تالغا يېتىدۇ.

تۇرمەل چاچ: ئۇزۇن چاچنى يۆگەپ باشنىڭ كەينى تەرىپىگە تۈرمەللىگەن چاچ شەكلىدۇر.

بېزەك (يالغان) چاچ: بۇ بايقالغان بېزەك چاچلارنىڭ بىر خىلى بولۇپ، توققۇز نەخ ئۈچ ئۆرۈملۈك بېزەك چاچ، بۇ خىل چاچ شەكلىدە ئۈچ نەخ چاچنى بىر ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈپ، ئاندىن ئۈچ ئۆرۈم چاچنى يانداش تىزىپ تىكىش ئۇسۇلىدا ياسالغان. ھەر بىر ئۆرۈمنىڭ كەڭلىكى 0.7 سانتىمېتىر، جەمئىي كەڭلىكى 2.3 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى27 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ خىل يانداش تىزما بېزەك چاچنىڭ چاچ يىلتىزى بىر ـ بىرىگە مىنگەشتۈرۈۋېتىلگەن، ئوتتۇرا قىسمى يانداش تىزىلىپ كەڭ چىقىرىلغان، چاچ ئۇچى

يەنە بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن؛ يەنە بىر خىلى 18 نەخ ئۈچ ئۆرۈملۈك بېزەك چاچ. بۇنىڭدا ، ھەر ئالتە نەخ چاچ بىر ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈلۈپ، ئاندىن ئۈچ ئۆرۈم چاچ ياندىش تىزىلىپ تىكىلگەن. بۇ خىل چاچنىڭ كەڭلىكى 3سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 27~26 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى: بۇ چاچ شەكىللىرى ئىچىدە، تۇرمەل چاچ بىلەن سىڭار ئۆرۈملۈك چاچ شەكلى ئەرلەرگە، كۆپ ئۆرۈملۈك ۋە بېزەك (يالغان) چاچ شەكىللىرى ئاياللارغا خاس ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

ئەجدادلىرىمىز چاچنى توم، ئۇزۇن ۋە ئۇششاق ئۆرۈش، ماڭلاي چاچ، سېكىلەك چاچ قويۇش، چاچۋاغ (چاچتەڭگە) سېلىشتىن تاشقىرى چاچ گۈزەللىكى ئۈچۈن جىگدە يېلىمى («يېلىم چېپىش» دېيىلىدۇ. بۇ چېپىلىدىغان يېلىم ياغاچ چۆچەككە يامغۇردا قالمىغان، پارقىراق جىگدە يېلىمى سوقۇپ سېلىنىپ، ئىسسىق سۇ قۇيۇپ تەييارلىنىدۇ )، سىيادان يېغى ئىشلىتىپ چاچنى ئۇزارتىش ۋە پارقىراق قىلىش مەقسىتىگە يەتكەن. ئۇلار، جىگدە يېلىمىدىن باشقا چاچ پەردىزىگە چالا كۆيدۈرۈلگەن بادام مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى («ياغلىقارا ئېتىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن. چۈنكى، ئۇ نەرسىلەر چاچنى قارايتىش، ئۆستۈرۈش، چاچ شەكلىنى ئۇزۇنغىچە ساقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، جىگدە يېلىمى قاتارلىقلارنى ئۇيغۇر ئاياللىرى تەبىئىي «چاچ مېيى» دەپ قارىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، چاچ قۇرغاقلىشىپ چۈشۈپ كەتسە، قوينىڭ دۈمبە يېغى (قۇيرۇق مېيى) نى ئوتتا قىزدۇرۇپ چاچقا سۈرۈپ پەرۋىش قىلغان. چاچنى شاخار سوپۇن بىلەن يۇيۇشنى ئادەت قىلىش بىلەن بىللە، مايلىششش خاراكتېرلىك چاچ چۈشۈشنى توغرىغا سۈيى ياكى تۇز قوشۇلغان سۇدا يۇيۇش، ئاقىرىپ كېتىشنى تىزگىنلەش ئۈچۈن سىيادانىنى قاينىتىپ يۇيۇش، باش قىچىششنى سېرىقچېچەك ياكى قارا ھېلىلىنى قاينىتىپ يۇيۇش قاتارلىق چاچ پەرۋىش قىلىش ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرگەن. بۇ، ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئادەتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سۇمبۇل چاچ ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ گۈزەللىك سىمۋولى بولسىمۇ، بىراق ھەممە خانىم ـ قىزلارنىڭ چېچىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك قويۇق ۋە ئۇزۇن بولۇشى ناتايىن. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز بۇنداق كەمچىلىكنى چاچنى كۆپتۈرۈش ۋە چاچقا سۈنئىي چاچ ئۇلاش ئارقىلىق تولۇقلىغان. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە كۆرسىتىلىشىچە، بىرى، چېچىنى ئۇزۇن ھەم توم كۆرسىتىش ئۈچۈن، چېچىغا ئۆچكە چۇپۇرىدىن چاچ ياساپ ئۇلىغان ۋە بۇنداق يالغان چاچ «ئۆگىك» دېيىلگەن. ئاياللارنىڭ ئۆرۈمە چېچىنىمۇ «ئۆرۈگۈچ» ھەم «ئۆگىك» دەپ ئاتىغان. يەنە بىر خىلى، ئاز چاچنى كۆپتۈرۈپ كۆپ قىلىپ كۆرسىتىشنى «ئورپايتتى» (پاخپايتتى) دەپ ئاتىغان. ئاياللاردا ئومۇملاشقان يەنە بىر خىل ئادەت، ھەر قېتىم چاچ تارىغاندا، چۈشكەن چاچنى كۆرگەنلا يەرگە تاشلىماي، «چاچ خالتىسى» تىكىپ شۇنىڭدا ساقلاشتۇر. چۈنكى، قەدىمدە ئۇيغۇرلار يالغان چاچقا باشقىلارنىڭ چېچى ياكى باشقا نەرسىلەر ئارىلىشىپ قالسا، چاچنى يەكلەپ چاچ چۈشۈشكە، سانجىپ باشنى ئاغرىتىشقا سەۋەب بولىدۇ ھەمدە چاچ رەڭگىمۇ ماسلاشمايدۇ دەپ قارايتتى. ئۇلار چېچىنى ئاسراشقا، چاچلىق بولۇشقا، چېچىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. چاچلىق، چېچى قارا، سۇمبۇل چاچلىقلارغا ھەممە كىشىنىڭ مەستلىكى كېلەتتى. تۆۋەندىكى خەلق قوشىقىدىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن چاچقا بولغان ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن:

قاشنىڭ قارىسى مەندە، چېچىڭىز جاللات بولۇپ، سوغۇق سۇدا چاچ تاراپ،
چاچنىڭ ئۇزۇنى سەندە، جاننى ئالادۇ. چېچى ئۆسمىگەن قىزلار.
دەردى يوق دەمسەن مېنى، قېشىڭىز پاششاپ بولۇپ، نادانغا كۆڭۈل بېرىپ،
دەردنىڭ ھەممىسى مەندە. ئالەم سورادۇ. تەۋى ئۆسمىگەن قىزلار.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرى چاچ قويۇشتا بىر يۈرۈش ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، خوتەن خەلقى چاچ قويۇش، چاچ ئۆستۈرۈش ـ پەرۋىش قىلىش جەھەتتە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇرلار پەرزەنتلىرىنىڭ چېچىغا بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپلا ئېتىبار بېرىدۇ. بوۋاق تۇغۇلۇپ 40 كۈنلۈك بولغاندا «قىرىقى چېچى» چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ چاچنى چۈشۈرۈشكە ياش، پاكىز ۋە ئۇستا ساتىراش تاللىنىدۇ. چۈشۈرۈۋېلىنغان «قىرىقى چېچى»نى يەرگە تاشلىماي، تولۇق يىغىۋېلىپ ساقلاپ، بوۋاقنىڭ ئۆزىنى



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئىسرىقلاشقا ئاز ـ ئازدىن ئىشلىتىدۇ. «قىرىقى چېچى» چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، بەزى جايلاردا بوۋاقنىڭ بېشىغا كۆك ئوسمىنىڭ سۈيىنى سۈرۈپ، چېچىغا پەرۋىش قىلىدۇ.

قىز بالا 2~3 ياشقا كىرگىچە چېچى ئۈستىرىدا چۈشۈرۈلىدۇ، يەنە بەزى جايلاردا ئوسما بىلەن پەرۋىش قىلىنىدۇ. بالا 2~3 ياشقا كىرگەندىن كېيىن، بېشىنىڭ ئالدى قىسمىدىن ماڭلاي قالدۇرۇلۇپ، قالغان قىسمى چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ. بالا 4~5 ياشقا كىرگەندە، ماڭلايدىن باشقا بېشىنىڭ ئارقا تەرىپى ئۈستى قىسمىدىن ئىككى ئورۇندا پىيالىنىڭ ئېغىزىچىلىك چوڭلۇقتا چاچ قالدۇرۇلۇپ، قالغان قىسمى چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ ۋە ئارقا تەرەپتە قالدۇرغان چاچ ئۆستۈرۈلۈپ، ئىككى تال ئۆرۈپ قويۇلىدۇ. بالا 6~7 ياشقا كىرگەندە، چېچىنىڭ ئۈستى قىسمى تولۇق قالدۇرۇلۇپ، ئارقا تۆۋەن تەرىپىلا چۈشۈرۈلىدۇ. ئالدى قىسمىدىن ماڭلاي، ئىككى چېكىسىدىن چېكە چاچ (چېكىلەك) قويۇلىدۇ ۋە چېچى يەتتە تال ئۆرۈپ قويۇلىدۇ. ماڭلىيىنىڭ كەڭلىكى ئىككى قېشىنىڭ قۇيرۇقىغىچە، ئۇزۇنلۇقى قېشىنىڭ ئۈستىگىچە قويۇلۇپ، پېشانىسى ماڭلاي چاچ ئارقىلىق تولۇق يۆگىلىدۇ. چېكە چېچىنىڭ كەڭلىكى قۇلاق تۈۋىدىن كۆز چانىقىغىچە، ئۇزۇنلۇقى قۇلاق ئاستىغىچە بولىدۇ. چاچنىڭ ماڭلاي، چېكە چاچ، ئۆرۈمە چاچ قويۇلىدىغان قىسمىلا قالدۇرۇلۇپ، قالغان قىسمى چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ، چاچنى يۇيۇپ تاراپ، ئوسما ۋە باشقا چاچقا پايدىلىق نەرسىلەرنى سۈرۈپ پەرۋىش قىلىنىدۇ. بالا 9~10 ياشقا كىرگەندىن باشلاپ چېچى چۈشۈرۈلمەيدۇ. ماڭلاي، چېكە چاچ قويۇلۇپ، چېچى 7 تالدىن 21 تالغىچە ئۆرۈپ قويۇلىدۇ. چاچنىڭ ئۇششاق ۋە كۆپ ئۆرۈلۈشى ئۇنىڭ تېخى قىز ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. چاچ تېلىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى چېچىنىڭ قويۇق ياكى شالاڭلىقىغا قاراپ بولىدۇ. يېشى چوڭراقلىرىنىڭ تال سانى كۆپرەك بولىدۇ. شۇنداقلا قىزلار تويى بولغانغا قەدەر كىچىك ياغلىقنى ئۈچ بۇرجەك قاتلاپ، كەينىگە چېگىدۇ.

قىز توي قىلغاندىن كېيىن، ماڭلاي چېچى ئىككى تەرىپىگە قايرىلىدۇ، ئۇزۇن سۇمبۇل چېچى جۈپ ئۆرۈلىدۇ ھەم چېكە ـ سېكىلەك چاچ قويۇلىدۇ، چاچنى جۈپ ئۆرۈش ياتلىق بولغانلىقنىڭ يەنى «بىر جۈپ» ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ياتلىق قىلىنغان قىز بالىلىق بولغاندا بالىچۇق چاچ (كىچىك ئۆرۈمە چاچ) قويۇلىدۇ، چېكە چاچمۇ بولىدۇ. ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ياش ئاياللار «چوكان ـ سېكىلەك» دېيىلىپ، ئۇلار چېكە چاچ قويۇش بىلەن بىللە، چېچىنى بەش، يەتتە ياكى توققۇز تال قىلىپ تاق ئۆرۈيدۇ، بۇ تۇللۇق بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. نەۋرىلىك بولغان ئاياللارنىڭ بالىچۇق ۋە چېكە چاچلىرى بولمايدۇ، ئۇزۇن چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ ئۇنى چاچۋاغ (چاچتەڭگە) بىلەن جۈپلىۋالىدۇ، چېچىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان ئاياللار باشقىلارنىڭ نەزىرىدە، ئۆزىگە ئەر تەلەپ قىلىپ يۈرگەن ئايال دەپ قارىلىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ چاچ تۈۋىگە ۋە سۇمبۇل چېچىنىڭ جۈپ ياكى تاق ئۆرۈلگەنلىكىگە قاراپلا، ئۇنىڭ قىز، چوكان، جۇۋان، نەۋرىلىك بولغان ئايال، تۇل ئايال ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ چاچ شەكلى: يۇمىلاق تۈگۈنچەك، ئېگىز تۈرمە چاچ، ئارچا ـ قارىغاي شەكىللىك تۈرمە چاچ، يان ماڭلاي، چېكە ماڭلاي، گىجەك (بۇدۇر) چاچ، ئەشمە چاچ قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئېستېتىك تاللىشى ۋە يۈز شەكلىنى ئاساس قىلىپ، چاچ تۈگۈنچەك شەكلىنى قوللانغان بولۇپ، چاچلىرىنى يۇيۇپ چاچ ئۆرۈمىسى ياكى چاچ تۈگۈنچىسى چىقارغاندا بۇ ئىشنى يەڭگىلىرى، قىزلىرى ياكى ئانىلىرى بىلەن بىللە ياكى ئۆزى يالغۇز ئايرىم ئۆيدە قىلىدۇ. ئۇنى ئەرلەرگە كۆرسەتمەيدۇ، تارىنىشنى ئەرلەرگە كۆرسىتىشنى ھاياسىزلىق دەپ بىلىدۇ. بۇ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تارىنىش ئادىتىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىكتۇر. سۇمبۇل چاچنىڭ ئاشىقلىق سەۋداسىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى، خەلق قوشاقلىرىدا ۋە مۇھەببەت داستانلىرىدا زوق ـ شوق بىلەن كۈيلەنگەن. يىگىتلەرنىڭ قىزلارنىڭ چېچىنى يېنىدا ساقلايدىغان، قىزنىڭ چېچىغا ئەپسۇن ئوقۇپ، ئۇنى ئۆزىگە ئاشىق قىلىدىغان ئادەتلەر، شۇنداقلا «چاچنى كۆندىنمۇ كۆنلىگۈلۈك»، «چاچنى كۆنگە كۆرسىتىپ تارىسا يامان بولىدۇ» دەپ قارايدىغان ئادەتمۇ بار. خانىم ـ قىزلارنىڭ چېچىنى سىلاش ھوقۇقىغا ئىگە كىشىنىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئېرى ياكى سۆيگىنى بولۇشى كېرەك، مانا بۇ چاچنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىپپەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**2. گىرىم قىلىش ـ پەدازلىنىش ئادەتلىرى**

خانىم ـ قىزلاردا چىراي ـ تۇرق گۈزەللىكى بويىچىمۇ ئۆزگىچە ئادەتلەر يېتىلگەن. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە گىرىم قىلىش ـ پەدازلىنىش ئادەتلىرىگە دائىر نۇرغۇن ئۇچۇرلار بار. مەسىلەن: «ئەردىنى — بەدىنى مەرۋايىتتەك خوتۇن» ①، « ئۇلاس — خۇمار كۆز» ②، «قۇزاندى — پەرداز قىلدى، ياساندى، بېزەندى» ③، «كىرشەتەندى — ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتتى، ئۇپىلاندى» ④، «قىرتىشلەندى — چىرايلىقلاشتى» ⑤، «كۆركەتتى — گۈزەللەشتى» ⑥ ۋەھاكازالار. قەدىمدىن تارتىپ مەڭزىنىڭ قىزىل بولۇشى ساغلاملىق، گۈزەللىك، نومۇسلۇق ۋە ئۇياتلىقنىڭ ئىپادىسى دېيىلىپ ، يۈزىدە قېنى بولمىغان خانىم ـ قىزلار يامان خاراكتېرلىك كېسەل دەپ قارالغان. گۈزەل بولۇشنىڭ ئىككىلەمچى ۋاستىسى تەبىئىي نەرسىلەر بىلەن پەرداز (گىرىم) قىلىشتا ئىپادىلەنگەن. ئاياللار قاش گۈزەللىكى ئۈچۈن ئوسما؛ كۆز گۈزەللىكى ئۈچۈن سۈرمە؛ يۈز گۈزەللىكى ئۈچۈن ئۇپا ـ ئەڭلىك؛ كۆكرەك گۈزەللىكى ئۈچۈن باغىرداق (لىپتىك)؛ خۇشبۇي بولۇش ئۈچۈن ئىپار، سەندەل، ئەنبەر قاتارلىقلارنى ئىشلەتكەن. شۇنى ئېيتىش لازىمكى، خۇش پۇراقلىق مەدەنىيەتنىڭ ماددىي ئاساسلىرىنىڭ بىرى بولغان ئىپار — خوتەن نامى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، «مۇشكى خوتەن» (خوتەن ئىپارى) ۋە ئىپار ئېلىنىدىغان كېيىك «ئاھۇيى خوتەن» (خوتەن كېيىكى) دەپمۇ ئاتالغان. خانىم ـ قىزلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنى خۇشبۇي تۇتۇشى ۋە خۇشپۇراق تارقىتىشى ئۈچۈن، مۇشكى ـ ئىپارنى كىچىك خالتىلارغا سېلىپ، تۇمار شەكلىدە تۈگۈپ، كىيىملىرىنىڭ ئىچىگە قاداپ ياكى بويىنغا ئېسىپ يۈرۈشنى ئادەت قىلىشى، يېقىنقى زامانلارغىچە داۋاملاشقان. بۇ، يېقىنقى دەۋردە بارلىققا كەلگەن ئەتىر چېچىش ئادىتىنىڭ ئىپتىدائىي باشلىنىشى ئىدى. مەشھۇر پارس مۇتەپەككۇرى شەيخ سەئىدىنىڭ «بوستان» ناملىق ئەسىرىدە؛ ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ بۈيۈك تارىخىي داستانى «شاھنامە»دە؛ ئۇلۇغ ئالىم، شېئىرىيەت پېشۋاسى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «ھەيرەتۇلئەبرار» ئەسىرىدە؛ بابارەھىم مەشرەپ، خوجانەزەر ھۈۋەيدا، مۇھەممەت سىدىق زەلىلى، فۇرقەت، مۇھەممەت رەھىم راغىبى، سەدائى، موللا بىلال نازىمى قاتارلىق ئۇستاز ئەدىبلەرنىڭ ئوتلۇق غەزەللىرىدە «مۇشكى خوتەن»، «ئاھۇيى خوتەن» ئىبارىسى بىلەن ئىنسان قەلبىنىڭ نازۇك ئىچكى ھېسسىياتىنى، يۇرتقا بولغان ھۆرمىتى ۋە سېغىنىشىنى ئىپادىلىگەن. بۇنىڭدىن خوتەن ئىپارىنى ئەتىۋارلىق پۇراق ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئىشلىتىش ۋە ئىپار ساقلاشنى، ئەڭ قەدىمىي ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمىزنىڭ بىرى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

**1) ئوسما قويۇش.** قېشىغا ئوسما قويۇش ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان گىرىم قىلىش ئادىتى بولۇپ، ئۇنى قويۇشتا ھېچقانداق ياش چەكلىمىسى يوق. ھەتتا يېڭى تۇغۇلغان قىز بوۋاقلارنىڭ قېشىغىمۇ ئوسما قويۇش ئادىتى بار. ياز، كۈز كۈنلىرى كۆك ئوسمىنى ئالىقانىدا سىقىپ سۈيى چىقىرىلىپ، پاختىدا پىلتىكۈچ ياساپ قاشقا خالىغان شەكىلدە سۈركىلىدۇ. ئوسما قويۇش خانىم ـ قىزلار ئەڭ خۇشال بولىدىغان ئىشنىڭ بىرى. مەھەللىلەردە پات ـ پات قىز ـ چوكانلار بىر ئۆيگە يىغىلىپ، ئوسمىنى سىقىپ سۈيىنى ئېقىتىپ، پىلتىكۈچ بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ قېشىغا قويۇشىدۇ، ئوسما سۈيى ئىچىپ قۇرۇغاندا، سۇ بىلەن يۇيىدۇ. يۇيۇلغاندىن كېيىن قاشقا ئىچكەن ئوسما رېڭى ئازراق سۇسلىشىپ، قاشنىڭ كۆك رېڭى تەبىئىيلىشىپ، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. ھويلا ـ ئاراملارغا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدىغان ئوسمىنىڭ تەبىئىتىدىن قارىغاندا، ئۇ يالغۇز قاشنى قارايتىش رولىنى ئويناپلا قالماستىن، يەنە تۈك بەزلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، قاشنى قويۇقلاشتۇرۇش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. قىش كۈنلىرى بولسا، تاش ئوسما (شاپتۇل مېغىزى

---

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى، 192 ـ بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 81 ـ بەت.
③ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 2 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى، 220 ـ بەت.
④ يۇقىرىقى كىتاب، 640 ـ بەت.
⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 396 ـ بەت.
⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 498 ـ بەت.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

يىغى ۋە بادام مېغىزى يېغى بىلەن كۆك ئوسمىنىڭ سۈيى ئارىلاشمىسىدىن ھازىرلانغان قاتۇرما) قويىدۇ. بەزى جايلاردا، قىزلار ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسى (قوشۇمىسى) غا ئوسمىدا خال (مەڭ) چېكىۋالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، قاش بوياشمۇ ئوسما قويۇشتىن باشقا بىرخىل قاش پەردىزى بولۇپ ، قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىلمىي ئادەتتە بەزىلەر ئېگىر، ئوسما يىلتىزىدىن قىلىنغان كۆمۈرنى سۈرتىدۇ. بۇ «قاشلىق ئېتىش» ۋە «قاشلىق ئېتىش» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بەزىلەر ئوتتا يەڭگىل كۆيدۈرۈلگەن بادام ۋە شاپتۇل ئۆچكىسىنىڭ مېغىزىنى تاشقا سۈركەپ ماي چىقىرىپ قاش بوياش ماتېرىيالى قىلىدۇ . بۇخىل قاش بوياش پەردىزىنى پەقەت چوكانلار، تۇغۇتتىن قوپقان جۇۋانلارلا قىلىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلاردا ئوسما قويۇش ئادىتى بولسا بۇددىزم مەدەنىيىتى دەۋرىدىن خېلى بالدۇر بارلىققا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

**2) سۈرمە تارتىش.** بۇ خانىم ـ قىزلارنىڭ قاش، كۆز، كىرپىكنى پەردازلاش ئادىتى بولۇپ، قاش قارايتىلىدۇ، كىرپىك ئۆستۈرۈلىدۇ، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاشۇرۇلىدۇ، كىرپىكلىرىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇزارتىش مەقسەت قىلىنىدۇ ھەمدە كۆز يوغان، نۇرلۇق كۆرسىتىلىدۇ. ئادەتتە كەچتە سۈرمە تارتىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە يۇيۇۋېتىلىدۇ. «سۈرمە تېشى» سۈرمە تارتىشنىڭ ئەتىۋارلىق بۇيۇمىدۇر. ئۇ، ھىندىستاندىن چىقىدىغان قارا رەڭلىك مەدەن بولۇپ، ئېزىپ يۇمشىتىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. سۈرمە يالغۇز گۈزەللىك رولىنى ئويناپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى كۆزنىڭ روشەن ۋە نۇرلۇق بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ، شۇ سەۋەبتىن بەزى ئەرلەرمۇ كۆزىگە سۈرمە تارتىدۇ . ھازىر ئۇيغۇر تېبابىتىدىمۇ سۈرمە كۆز ياشاڭغىراش، ئاغرىش، كۆز تورلىشىش، يىراقنى كۆرەلمەسلىك قاتارلىق كېسەللىكلەرگە دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ .

**3) يىپ سېلىش (قاش تېرىش) ۋە ئۈپا ـ ئەڭلىك.** يىپ سېلىش چىراي گۈزەللىكى بويىچە قىلىنىدىغان بىر خىل پەردازلىنىشتۇر. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە: «مەنىڭدەشتى ـ يىپ سېلىشتى، ئىككى خوتۇن يىپ سېلىشتى. يەنى يىپ بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ يۈزىدىكى تۈكلەرنى ئېلىشتى»① دېگەن بايانلار بار. يىپ سېلىشتا موچىن ۋە مەشۇت يىپتا يۈز، قاپاق، پېشانىسىدىكى يۇمران سىرىق تۈكلەر ئېلىنىپ يۈز ـ كۆزنى سىلىقلاش، كۆركەملەشتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، جۇۋانلار بىر ـ ئىككى بالا تۇغقاندىن كېيىن، يىپ سېلىپ قاش تېرىشنى ئادەت قىلىدۇ . ئۇنىڭدا، چېكە ئوتتۇرىسى، قاش ئوتتۇرىسى، ماڭلاي قاش (قۇيرۇق قىسىم) رەتلىنىپ، ئىككى قاش ئوتتۇرىسىغا ئۆنگەن قاش ـ تۈكلەر (قاش ئوتتۇرا قىسمى، ئۈستى ۋە ئاستىنى توملاشتۇرۇپ قويغان قاش تۈكلەر) ۋە ماڭلاي تەرەپتىكى قاشنى توملاشتۇرۇپ قويغان قاش تۈكلەر يىپ سېلىپ يۇلۇۋېتىلىپ، قاشنىڭ باشلىنىش قىسمى توم، ئوتتۇرا قىسمى سەل ئىنچىكە، قۇيرۇق (ماڭلاي) قىسمى ئىنچىكە قىلىپ رەتلىنىدۇ. بۇخىل پەرداز يىلدا 1~ 2 قېتىم ئىشلىنىدۇ. يىپ سېلىش ئۇسۇلىدا 8~10سانتىمېتىرلىق بىرتال يىپ تەييارلىنىپ، يىپنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئالماپ تۇرۇپ ئەيىنەككە قاراپ، يۇلۇۋېتىلىدىغان قاش ۋە تۈك يىپ سېلىپ يۇلۇۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 8~10سانتىمېتىرلىق ئۇچى ياپلاقلاشتۇرۇلغان ئىنچىكە موچىن بىلەن قاش تېرىش ئۇسۇلىمۇ بار .

ئۈپا ـ ئەڭلىك. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە: «ئەڭلىك ــ ئاياللارنىڭ مەڭزىگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل بوياق»، «ئۈپا ــ يۈزىگە سۈرتىدىغان ئۇنسىمان ئاق نەرسە»② دەپ ئىزاھلانغان. بۇ مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئەڭلىك بىر خىل مەڭزىنى قىزارتىدىغان بوياق؛ ئۈپا يۈزنى سىلىقلاشتۇرىدىغان «گىرشەن» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇنسىمان نەرسە بولۇپ، ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ ئۈپا ـ ئەڭلىك سۈرۈش تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇۋانلار يۈزىدىكى تۇغۇتتىن قېپقالغان داغنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن، كاۋاش سۆمۈق (زەمچە) قا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئېزىپ يۈزىگە سۈرتۈش ئارقىلىق، داغنى يوقىتىپ يۈزنى پارقىرىتىدۇ.

**4) خېنە يېقىش.** خېنە، ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرى ئىرناق گۈزەللىكى ئۈچۈن، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان پايدىلىنىپ كەلگەن تەبىئىي «لاك»دۇر. ئەجدادلىرىمىز ياشاش مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن خېنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گۈل ـ گىياھلارنى ئۆستۈرۈپ ئادەتلەنگەن. ئۇلار خېنىنىڭ چىرايلىق چېچەكلىرىدىن

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 3 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى، 544 ـ بەت.
② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى، 156 ـ بەت.

ھۆزۈرلىنىشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭ يىلتىزىدىن تاكى غول ـ قۇلاقلىرىغىچە پەرداز بۇيۇمى ۋە دورا ئورنىدا پايدىلىنىپ كەلگەن. خېنە يېقىش ئۇسۇلى مۇنداق: ياز كۈنلىرى ئۇنى يۇلۇپ ئېلىپ يىلتىزىنى سۇدا چايقىۋېتىپ، غول ـ قۇلاقلىرى بىلەن قوشۇپ سوقىدۇ. ئاندىن مۇۋاپىق مىقداردا زەمچە ئارىلاشتۇرۇپ، خېنە مەلھىمى ئۇچۇن ئۇنى ئۇزۇم، ئەنجۈر ياكى ئۈجمە يوپۇرمىقى ئارىسىغا ئېلىپ ئاخشىمى ئۇخلاش ئالدىدا ئالىقانغا، تىرناق ئۈستى ۋە پۇت سۇپۇرىسىغا ئېلىپ يۆگەيدۇ، ئەتىسى يۆگىگەن يوپۇرماقلار ئېلىپ تاشلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تىرناق قىزغۇچ سېرىق، پارقىراق ھالەتكە كېلىدۇ. ئۇزۇنغىچە (يەنى تىرناق ئۆسۈپ شۇ ھالەت ئۆزلۈكىدىن يوقالمىغىچە) رەڭگى ئۆچمەيدۇ. خېنە تىرناقنى گۈزەللەشتۈرۈش بىلەن تەڭ، ئالىقان، تاپان قىزىيدىغان، تەرلەيدىغان كېسەلگىمۇ شىپا بولىدۇ .

**5) باغىرداق (لىپتىك) تاقاش.** باغىرداق توغرىسىدا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە مەلۇمات بېرىلگەن. باغىرداق تەخمىنەن بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرى بۇددىزم مەدەنىيىتى دەۋرىدە خوتەن بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى بويىچە شۆھرەت قازانغان رەسسام ۋېيسارا ئىراساتكانىڭ «كۆسەن قىزى» قاتارلىق رەسىملىرىدە، ئاياللارنىڭ كۆكرەك قىسمى ئىككى توپچا شەكلىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ . بۇ، دەل باغىرداق ئىشلەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، نېپىز يىپەك كىيىملەر ئىچىدىن ئاياللارنىڭ ئەمچىكى باغىرداق شەكلى بىلەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ، ئاياللارنىڭ بەدەن گۈزەللىكىنى قوغداش ۋە ئاياللىق لاتاپىتىنى ساقلاش ئۇچۇن لايىھىلەنگەن قوشۇمچە ئىچ كىيىمدۇر.

**3. خانىم ـ قىزلارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاش ئادىتى**

ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرى قەدىمكى دەۋردىن تارتىپ، باش، قۇلاق، بويۇن، بىلەك، قول بارمىقى ۋە ئۆرۈمە چاچلىرىغا زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاش، سىپلىش ئارقىلىق جىنسىي پەرق ئايرىمىسىنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە، گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكنى قوغلىشىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىمۇ زىننەت بۇيۇملىرى كۆپلەپ تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن: «ئۆكمەك ــ خوتۇنلار قۇلىقىغا تاقايدىغان ئالتۇن ياكى كۈمۈش ھالقا، زىرە »①. «تولغاغ ــ سۆكە، ھالقا، قولاققا تاقايدىغان سۆكە. يىنچۇ تولغاغ ــ ئۈنچە ھالقا»②. «ساتا ــ مارجان»③. «باقان ــ بويۇن ھالقا، چەمبەر، ئالتۇن ۋە ئالتۇنغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ياسالغان بويۇن ھالقا ئالتۇن باقان دېيىلىدۇ»④. «مۇنچاق ــ زىننەت ئۇچۇن بويۇنغا ئېسىلىدىغان قىممەتلىك تاشلار»⑤. «بۇت ــ بىر خىل قىممەتلىك چوڭ يېشىل چەش (پىرۇزە) بولۇپ، ئۇلۇغلارنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى ماڭلىيىغا تاقايدۇ، قىز بۇت تاقىدى ــ قىز پىرۇزە تاقىدى»⑥. «بۈزۈك ئۈزۈك، بارماققا سېلىنىدىغان ئۈزۈك»⑦. دېمەك، بۇ ئادەت ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، ئىلمىيلىكى ۋە ئېستېتىك مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن مەشھۇردۇر.

ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، قۇلاق، بويۇن، ئۆرۈمە چاچلىرىغا سۆڭەكتىن ياسىغان ھالقا، بويۇن ئاسقۇ، چاچ ئاسقۇلارنى؛ مىس، قاشتېشى، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان ئۇتۇغات، ھالقا، ئۈزۈك، چاچ ئاسقۇلارنى؛ كەھرىۋا، مارجان، مەرۋايىتلاردىن ئىشلەنگەن بويۇن ئاسقۇلارنى ئىشلەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، بەدەنگە گۈل چېكىشتىن ئىبارەت ئادەتنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئارخېئولوگىيىلىك

---

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى، 142 ـ بەت.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 2 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى، 420 ـ بەت.

③ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 3 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى، 301 ـ بەت.

④ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى، 519 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 621 ـ بەت.

⑥ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 3 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى، 166 ـ بەت.

⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 22 ـ بەت.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

تېپىلمىلار ئىچىدە، سامپۇل قەبرىستانلىقىدىكى M01 نومۇرلۇق قەبرىدىن بايقالغان باش بارماقنىڭ دۈمبىسىگە گۈل چېكىلگەن بولۇپ، بۇ بارماق مومىيادىن ئادەم كۆرۈنۈشىگە ئوخشاپ كېتىدىغان گۈل شەكلىنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان بۇيۇملار ئىچىدە، هايۋان سۆڭىكىدىن نەپىس ياسالغان هالقا، چاچ ئاسقۇ، بويۇن ئاسقۇ، ئۈزۈك قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇلار ئىپتىدائىي دەۋرگە مەنسۇپ. مەسىلەن، 1984 ـ يىلى سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرۈشتە بايقالغان بىرمۇنچە بۇيۇملار بىلەن بىر دانە دەستىلىك مۆڭگۈزدىن ياسالغان تارغاق تېپىلغان. كېيىنكى برونزا دەۋرىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار، يەنى نىيا خارابىسى، لوپ ناهىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاچچىقتاغ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ئۈيۈل تۆمۈر، داشقال، تۆمۈر رۇدىسى قاتارلىقلارغا ئاساسلانغاندا، مېتال تاۋلاشنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە قول هۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى، مىس، تۈچ، كۈمۈش، ئالتۇن ۋە قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاشقا تەرەققىي قىلغان. پەقەت، تاۋار ئالماشتۇرۇش سودىسى ۋە شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا كەهرىۋا مارجان، مەرۋايىت بويۇن ئاسقۇلار خانىم ـ قىزلارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى تەركىبىگە كىرگەن.

1) **هالقا سېلىش.** قىزلار يەتتە ياشقا كىرگەندە، قۇلىقىنى تېشىپ، قۇلىقىغا هالقا تاقاش هازىرلىقى قىلىنىدۇ. دەسلەپ قۇلىقى تېشىلگەندە، ئامۇت، ياڭاق، ئۆرۈك ياكى بولمىسا قارا چاي شامىسىدىن قۇلاق تۆشۈكىگە مۇۋاپىق قىلىپ تەييارلانغان «ياغاچ هالقا»غا ماي سۈركىلىپ سېلىنىپ تېشىغا خېمىر چاپلاپ قويۇلىدۇ (بۇغداي ئۇنىدىن قىلىنغان خېمىر تېشىلگەن جاينىڭ ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ). قۇلاق تۆشۈكى يارىسى ساقايغاندىن كېيىن، «ياغاچ هالقا» ئېلىۋېتىلىپ، مىس ياكى زالتاي هالقا سېلىنىدۇ. چوڭ بولغاندا ئالتۇن هالقا، ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن هالقا، زالتاي هالقىلاردىن بىر خىلى سېلىنىدۇ.

2) **ئۈزۈك سېلىش.** ئاق قوچقىراق قەدىمىي شەهەر خارابىسىدىن ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك تېپىلغان. نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان ئايال مومىيانىڭ ئوڭ قول كۆرسەتكۈچ بارمىقىغا بەش پەرە چېچەك گۈللۈك مىس ئۈزۈك سېلىنغان. قىز بالا رەسىدە بولۇپ، تويى بولغاندا سول قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا ئۈزۈك سېلىنىدۇ؛ تويىنىڭ ئىككىنچى كۈنى يۈز ئاچقۇ مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندە، يىگىتنىڭ ئانىسى يېڭى كېلىنگە ئۈزۈك تۇتىدۇ. يۈزى ئېچىلغان كېلىن قېينانىسىنىڭ تۇتقان ئۈزۈكىنى سول قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا سالىدۇ. ئوڭ قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا ئۈزۈك سېلىش ئاياللارنىڭ نىكاهتىن ئاجراشقانلىقىنىڭ يەنى «بېشى بوش» ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، نىكاهتىن ئاجراشقان ئاياللار ئوڭ قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا ئۈزۈك سالىدۇ. نىكاهلانغاندا، ئوڭ قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا سالغان ئۈزۈكنى ئېلىۋېتىپ، سول قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا سالىدۇ. بۇ، قايتا نىكاهلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

3) **ئوتۇغات تاقاش.** تويى بولغان قىزنىڭ بېشىغا توي مۇراسىمىدا ئوتۇغات (ئاياللار تاجى) تاقىلىدۇ. بۇ ئادەت كۆپىنچە خان، ئېلىكخان، خان ئەۋلادلىرى ئىچىدە شەكىللەنگەن ۋە ئادەتكە ئايلانغان. بۇ، خانىم ـ قىزلارنىڭ ئۇلۇغلىنىشى، توي ئارقىلىق ئاياللارنىڭ «شاھ»لىق دەرىجىدە سىمۋوللاشتۇرۇلۇشى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

4) **مارجان ئېسىش.** خانىم ـ قىزلارنىڭ بوينىغا مارجان ئېسىشى ئاياللارنىڭ بوينىغا تۇمار ئېسىشتىن تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن ئادەت بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەردە، قىز ـ ئاياللارنىڭ 9 دانە بۆرە ئوشۇقىنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ، بوينىغا تۇمار سۈپىتىدە ئاسىدىغانلىقى مەلۇم. بۇ ئەڭ دەسلەپكى مارجان ئېسىشتۇر. بوۋاقلارنىڭ يۆگىكىگە، بۆشۈكىگە بۆرە ئوشۇقى قىستۇرۇپ قويىدىغان ئادەتلەر يېقىنقى زامانغىچە داۋاملاشقان. بۇ، «قارا باسمايدۇ، جىن چاپلاشمايدۇ» دېگەن ئىپتىدائىي چۈشەنچىدىن كەلگەن. 1959 ـ يىلى نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان ئايال مومىيانىڭ بوينىغا بىر دانە قىسقا تىزىق ۋە بىردانە ئۇزۇن تىزىق مارجان ئېسىلغان. 1984 ـ يىلى سامپۇل قەبرىستانلىقىدا قېزىش ئېلىپ بېرىلغاندا، جەمئىي 177 تال مارجان تېپىلغان .

5) **چاچ ئاسقۇ (چاچتەڭگە) ـــ گويەك سېلىش.** خانىم ـ قىزلارنىڭ ئۆرۈمە چاچلىرىغا چاچ ئاسقۇ ئېسىشى قەدىمكى دەۋردە شەكىللەنگەن ئادەت. بۇ چاچ ئاسقۇلار ئىچىدىمۇ دەسلەپتە بۆرە ئوشۇقىنىڭ چاچ ئاسقۇ ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم. كېيىنكى دەۋرلەردە چاچقا كۆپىنچە تۈچ، مىس، كۈمۈشتىن

ياسالغان چاچ ئاسقۇلار ئېسىش ئادەتكە ئايلانغان. چاچتەڭگە ـ گويەكلەر خانىم ـ قىزلارنىڭ لاتاپەتلىك، جەزىبدارلىقىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينىغان. بۇ ئادەت چارۋىچىلىق باسقۇچىدا ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ، ھازىر قازاق، قىرغىز خەلقى ئىچىدە مەۋجۇت.

6) **بىلەزۈك سېلىش.** بىلەزۈك (بىلەك ئۈزۈك) ـــ نىكاھلىنىشنىڭ ئىككىنچى بەلگىسى. ئۇ، توي قىلغانلىقىنى ياكى بوينى باغلاقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا قولغا ئۈزۈك سېلىش، بويۇن ئاسقۇ (مارجان) ئېسىش ئادىتىنىڭ بارلىقى كېلىشى ۋە ئۇنىڭ شىپالىق رولى توغرىسىدا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان: «قاشتېشى ئۈزۈك تاقىۋالسا، سۇسىز چۆلدە ئۈزۈكنى شورىسا ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ، چاقماق سوقمايدۇ»، «قاشتېشى بويۇن ئاسقۇ ئايالالارنىڭ بەدىنىگە شىپا قىلىدۇ، تېرىسىنى پارقىراق، رەڭدار قىلىدۇ». دەرۋەقە، كىشىلەر ئارىسىدا «قاشتېشى بۇيۇمنى يېنىدا ساقلىغان كىشى ھادىسىگە ئۇچرىمايدۇ» دېگەن بىر خىل ئەقىدە بولغاچقا، كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆز يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولغان قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن بىرەر بۇيۇمنى ساقلايدۇ. مەسىلەن، ئەرلەر يېنىدىكى پىچاق ئاسىدىغان تاسمىغا قاقچىلىك چوڭلۇقتا يۇمىلاق ياسالغان قاشتېشىنى پىچاق بىلەن بىللە ئېسىپ قويىدۇ، بەزىلىرى ئۈزۈك سېلىۋالىدۇ، ئايالالار بولسا قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن بۇلاپكا ئاسىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «تىبابەت ئىلمىدە، سۈزۈك قاشتېشى يۈرەككە شىپا بولىدۇ» دېيىلگەچكە، نۇرغۇن كىشىلەر ئايالالارنىڭ بۇلاپكىسىدىن چوڭراق ياسالغان قاشتېشى «تۇمار»نى كۆكرەك قىسمىغا ئېسىۋالىدۇ. بولۇپمۇ كىچىك بوۋاقلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئەيىبسىز، ساغلام چوڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، قاشتېشىدىن تۇمار ئېسىپ قويۇشىدۇ. بۇلاردىن باشقا، كەھرىۋا، مەرۋايىت، مارجان، بويۇن ئاسقۇلارمۇ شىپالىق بولۇپ، سېرىق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تەپىنى تارتىش رولىنىڭ بارلىقى مەلۇم.

خانىم ـ قىزلاردا شەكىللەنگەن زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاش ئادىتى، پەقەت گۈزەللىك قوغلىشىپ مەيدانغا چىققان بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ئاياللىرىدىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرنى گەۋدىلەندۈرۈش، زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ شىپالىق رولى ۋە ئېستېتىك رولىدىن پايدىلىنىش ئاساس قىلىنغان.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


1. مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل 1 ـ نەشرى.
2. خې شىڭلياڭ: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتى»، سودا نەشرىياتى، 2003 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
3. دىڭ گولىڭ: «جۇڭگو ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» [ئۆرپ ـ ئادەتلەر] تومى، شەندۇڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2005 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
4. خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخىنى تۈزۈش كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن: «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 1 ـ نەشرى.
5. ئەنۋەر تۇرسۇن: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007 ـ يىل نەشرى.
6. ئابدۇرەھىم ھەببۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل نەشرى.
7. ئابدۇكېرىم راھمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى.
8. «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
9. «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.


**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** رەشىدە مامۇت

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى